# ئاللاھ ھاراللاپ بەرگۈچىگە ۋە ھالاللاتقۇچىغا لەنەت قىلدى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ ھالاللاپ بەرگۈچىگە ۋە ھالاللاتقۇچىغا لەنەت قىلدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال ئىلگىرىكى ئېرىگە تاكى ئۇ ئايالنى باشقا بىر ئەر نىكاھىغا ئېلىپ، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىدە بولغانغا قەدەر ھالال بولمايدۇ، ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ھىيلە-نەيرەڭ ئىزدەشكە ئۇرۇنۇپ، باشقا بىر ئەر بىلەن بۇ ئايالنى شەكىل جەھەتتە نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن قويىۋېتىشنى شەرت قىلىپ پۈتۈشىدۇ، بۇ شەرئى نىكاھنى مەقستى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئايالنى ئىلگىرىكى ئەرگە ھالاللاش غەرىزى بىلەن بولىدۇ، بۇ قىلمىشتا شەرىئەتكە ھىلە-مىكىر ئىشلىتىش، پەسكەشلىك ۋە غورۇر ۋە ئەركەكلىكنى چۈشۈرگەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نىكاھنى ھارام قىلىپ، ھالاللىغۇچى ۋە ھالاللاتقۇچىنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىشى ۋە قوغلىنىشىغا دۇئا قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58076

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee